شىنجاڭ گېزىتى
2019 - يىل 6 - ئاي
2
يەكشەنبە
维吾尔文 6月2日
新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى
شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24714 - سان بۈگۈن 4 بەت

شى جىنپىڭ 14 - نۆۋەتلىك ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى باشلىقلار يىغىنىغا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى تېلېگرامما ئەۋەتىپ، 14 - نۆۋەتلىك ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى باشلىقلار يىغىنىنىڭ مەككىدە ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى ئىسلام دۆلەتلىرى ئىتتىپاقلىقىنىڭ سىمۋولى، قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيان، ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە مۇھىم تۆھپە قوشتى، مەن بۇنى يۈكسەك ئالقىشلايمەن.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭ جاۋاب خەت يېزىپ ئاۋمېنلىق ئۆسمۈر بالىلارنى رىغبەتلەندۈردى

پۈتۈن مەملىكەتتىكى كىچىك دوستلارنىڭ «1 - ئىيۇن» خەلقئارا بالىلار بايرىمىنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈشكە تىلەكداشلىق بىلدۈردى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تېلېگراممىسى «1 - ئىيۇن» خەلقئارا بالىلار بايرىمى يېتىپ كېلىش پەيتىدە، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئاۋمېن خاۋجياڭ ئوتتۇرا مەكتىپى قارمىقىدىكى يىڭسەي مەكتىپىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا جاۋاب خەت يېزىپ، ئۇلارنى سەممىي رىغبەتلەندۈردى ھەم ئۇلار ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئۆسمۈر بالىلارنىڭ بايرامىنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈشكە تىلەكداشلىق بىلدۈردى.

شى جىنپىڭ جاۋاب خېتىدە مۇنداق دېدى: سىلەر رەڭلىك قەلەمدە رەسىمنى بەك ياخشى سىزىپسىلەر، ناھايىتى سەممىي سۆزلەرنى قىپسىلەر، كىچىك دوستلارنىڭ گۈزەل قەلبىنى تولۇق ئىپادىلەپسىلەر.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مەن دائىم «يەتتە پەرزەنت ناخشىسى»نى ئەسكە ئالىمەن، ناخشىدا ئىپادىلەنگەن مۇساپىر بالىنىڭ ئانىسىنىڭ قوينىغا قايتىپ كېلىش ئارزۇسى كىشىنى ناھايىتى تەسىرلەندۈرىدۇ. ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەن 20 يىلدىن بۇيان، ئاۋمېننىڭ تەرەققىياتى كۈنسېرى يېڭىلاندى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

جاۋاب خەت

ئاۋمېن خاۋجياڭ ئوتتۇرا مەكتىپى قارمىقىدىكى يىڭسەي مەكتىپىدىكى كىچىك دوستلار:

ياخشىمۇسىلەر! خېتىڭلارنى تاپشۇرۇۋالدىم، سىلەر رەڭلىك قەلەمدە رەسىمنى بەك ياخشى سىزىپسىلەر، ناھايىتى سەممىي سۆزلەرنى قىپسىلەر، كىچىك دوستلارنىڭ گۈزەل قەلبىنى تولۇق ئىپادىلەپسىلەر.

مەن دائىم «يەتتە پەرزەنت ناخشىسى»نى ئەسكە ئالىمەن، ناخشىدا ئىپادىلەنگەن مۇساپىر بالىنىڭ ئانىسىنىڭ قوينىغا قايتىپ كېلىش ئارزۇسى كىشىنى ناھايىتى تەسىرلەندۈرىدۇ. ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەن 20 يىلدىن بۇيان، ئاۋمېننىڭ تەرەققىياتى كۈنسېرى يېڭىلاندى، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارنىڭ خىزمەت، تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلاندى. ۋەتەن ئاۋمېننىڭ كۈچلۈك يۆلەنچۈكى، سىلەرنىڭ كىچىككىلاردىنلا بۇ قائىدىنى چۈشەنگىنىڭلاردىن ناھايىتى خۇشال بولدۇم.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاۋمېن خاۋجياڭ ئوتتۇرا مەكتىپى قارمىقىدىكى يىڭسەي مەكتىپىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن كەلگەن خەت



敬愛的習爺爺：

您好！我們是澳門濠江中學附屬英才學校的小學生，"六一"兒童節就要到了，老師讓我們做一件有意義的事。我們想，最有意義的事情就是給您寫信，跟您說說我們的心裏話。

習爺爺您知道嗎？我們濠江中學可不簡單呢！老師說，我們的老校長杜嵐老奶奶是陝西省米脂縣人，曾被稱為"陝北最勇敢的女孩"。1949年10月1日，在新中國成立的那天，她冒著生命危險，帶領全校師生在學校升起了第一面五星紅旗。現在我們每周一都舉行升旗儀式，當我們面向國旗行注目禮時，心裏想要是杜嵐老奶奶還在該多好啊！她看到我們現在幸福成長，看到我們國家和澳門越來越好，一定會特別自豪！

習爺爺，告訴您一個小秘密，我們以前不太了解什麼叫祖國母親，通過學習《品德與公民》和廣東揭陽學校的同學交流，我們漸漸懂了。特別是兩年前，可怕的"天鴿"颱風把我們這裏搞得又髒又亂，在您的親自關心下，駐澳部隊的解放軍叔叔出動了。在他們的幫助下，澳門迅速恢復了整潔和秩序。看到解放軍叔叔們疲勞不堪的樣子，周圍很多人都感動得哭了，我們也因此真正懂得了祖國母親的含義。祖國就像媽媽一樣，在我們遇到困難時，她會張開溫暖的懷抱關愛呵護我們，祖國母親就是我們的堅強依靠。

爸爸媽媽常說，你們現在的條件太好了！回歸前，學校設施簡陋，學費要自己交，有些人交不起學費就不能上學。現在我們讀書不僅不用交學費，還有文具補貼呢！除了在課堂上學習，我們還有弦樂團、有藝術活動……多幸福啊！我們一定會聽從您的教導，珍惜今天的美好生活，好好學習，德智體美勞全面發展，長大以後把祖國和澳門建設得更好。

親愛的習爺爺，今年是新中國成立70周年、澳門回歸祖國20周年，我們有一個心願，盼望您能再來澳門。師兄師姐告訴我們，您在澳門回歸祖國15周年來澳門時，他們都去機場迎接您了，我們好羨慕！真希望我們也能去機場迎接您。如果您允許，就讓我們做您的小導遊，帶您到處走一走，看看澳門和您上次來有什麼變化。

習爺爺，我們常常從電視上看到您忙碌的身影，下鄉考察、出國訪問、奔波在祖國各地……您一定要保重身體，注意休息！

祝習爺爺

身體健康！萬事如意！

濠江中學附屬英才學校小學生

2019年5月14日

چېن چۈەنگو بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

«ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا پۇختا تۈرتكە بولۇش كېرەك

پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كىچىك دوستلارنىڭ «1 - ئىيۇن» خەلقئارا بالىلار بايرىمىنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈشكە تىلەكداشلىق بىلدۈردى

5 - ئاينىڭ 31 - كۈندىن 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، چېن چۈەنگو بورتالا شەھىرىنىڭ چىندېل بازىرى دىنجېك كەنتى يەسلىسىگە كېلىپ، بالىلارغا «1 - ئىيۇن» خەلقئارا بالىلار بايرىملىق سوۋغا تەقدىم قىلدى ھەم پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كىچىك دوستلارنىڭ بايرامىنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈشكە، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈردى. □مۇخبىرىمىز **سۈي جېجيەن** فوتوسى

مۇخبىرىمىز **ياۋ تۇك** خەۋەر قىلىدۇ: 5 - ئاينىڭ 31 - كۈندىن 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، ئىستىلنى ياخشىلاپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

چېن چۈەنگو بورتالا شەھىرىنىڭ چىندېل بازىرى دىنجېك كەنتىدىكى خەلققە قولايلىق مۇلازىمەت زالى، پارتىيە ئەزالىرى - ئامما پائالىيەت مەركىزىگە كىرىپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن سەممىي ھال سورىدى، كۆپچىلىكنى خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى دەل بىزنىڭ كۈرەش نىشانىمىز ئىكەنلىكىنى باشتىن - ئاخىر ئەستە چىڭ ساقلاپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

«ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىندى

يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يېڭى دەۋردىكى «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنىڭ باش تۇتقىسى قىلايلى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تېلېگراممىسى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشردىن چىققان 11 - سان «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يېڭى دەۋردىكى ‹يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار› خىزمىتىنىڭ باش تۇتقىسى قىلايلى» ماۋزۇلۇق مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىندى.

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسى پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور ئىستراتېگىيە، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇشتا مۇناسىۋەتلىك ئومۇمىي ۋەزىيەت خاراكتېرلىك، تارىخىي خاراكتېرلىك ۋەزىپە، يېڭى دەۋردىكى «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنىڭ باش تۇتقىسى. بىز بۇ مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەگە بولغان چۈشەنچىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىشنى باشتىن - ئاخىر پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىدە مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىپ، پىكىر يولىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خىزمەتنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ دەرىجىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش، يېزىلارنى ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇش، دېھقانلارنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى ماقالىسى

دەل ۋاقتىدا بولغان مۇھىم، زور باش تېما تەربىيەسى

— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

تەپسىلاتى 4 - بەتتە

مەسئۇلىيەت، بۇرچنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىمىزگە ئېلىپ، ئۇلۇغ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلىمىز

— ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كادىرلار، ئامما باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى

«بۇ يىل جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، شۇنداقلا پارتىيەمىزنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنىڭ 70 - يىلى، مۇشۇ پەيتتە بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش دەل ۋاقتىدا بولدى.» 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى چوڭقۇر ئىلھاملاندۇردى، چوڭقۇر روھلاندۇردى. كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: ئاڭلىق ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىمىزنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئەسلى مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىمىزگە ئېلىپ، پەرقلەرنى تېپىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇپ، مەسئۇلىيەت، بۇرچنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىمىزگە ئېلىپ، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىش روھىنى ئۇرغۇتۇپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى، بولۇپمۇ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرىمىز.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىگەن بەش يىلدا

— مەركەزنىڭ 2 - قېتىملىق شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغانلىقىنىڭ بەش يىللىقى

يېشىللىققا پۈركەنگەن ئېكولوگىيە جاۋاب قەغىزى تاپشۇرۇش

> ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشنى كۈچەيتىپ، «ئۈچ يۇقىرى» تۈرلەرنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قاتتىق چەكلەپ، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تۈزەش ۋە قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش، قۇمنى تىزگىنلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تىرىشىپ ئاسمىنى كۆك، يېرى يېشىل، سۈيى سۈزۈك گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش كېرەك. —— شى جىنپىڭ

□مۇخبىرىمىز **لىيۇ دۇڭلېي**

بەش يىل قىممەتلىك ھەم مول مەزمۇنلۇق بولدى.

بەش يىلدا، بىر قاتار قىزىل سىزىق، تۈۋەن چەك ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، «ئۈچ يۇقىرى» تۈرلەرنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى قاتتىق چەكلىنىپ، ئېنېرگىيە، قېزىلما بايلىقلارنى ئېچىشتا ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ «بىر قوللۇق» تەستىقلاش تۈزۈمى، مۇھىتنى ئاسراشتىكى «بىر چاتاق بىلەن ئىنكار قىلىش» تۈزۈمى قاتتىق ئىجرا قىلىندى؛ بەش يىلدا، كۆك ئاسماننى قوغداش جېڭى، سۈزۈك سۇنى قوغداش جېڭى، پاكىز تۇپراقنى قوغداش جېڭى قاتارلىق مۇھىتنى قوغداش جەڭلىرى قىلىندى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)